# ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش «مۇھىم تۈتقا»سىنى چىڭ تۇتتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «سۈرئىتىنى ئاشۇردى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ ئىككى يىلدا، قاراقاش ناھىيەسى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئەمگەك كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ماكانلىشىشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، ھازىر 22 كارخانا، 330 نامراتلارنى يۆلەش سېخى، 420 ھۈنەرخانا بار.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، كۈيا بازىرى شىنجاڭ يىفېڭخۇي توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ تىككۈچىلىك سېخىدا، 2 ـ گۇرۇپپىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى رابىيخان روزىباقى بىر تەرەپتىن، گۇرۇپپىدىكى خىزمەتچىلەرگە خىزمەت تەقسىم قىلىۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، مەسىلىگە يولۇققان خىزمەتچىلەرگە مەشغۇلات قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى، ئائىلە ئاياللىرىدىن كەسىپ ئىشچىسىغىچە، يەنە سېخ گۇرۇپپا باشلىقىغىچە، رابىيخاندا چىرايلىق ئۆزگىرىش بولدى.

«مېنىڭ ھازىرقى خىزمىتىم گۇرۇپپىدىكى 35 خادىمنى باشقۇرۇش، ھەر ئايلىق كىرىمىم يامان ئەمەس. ئىشىكىم ئالدىدا ئىشلەپ، ھەم بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، ھەم ئىشلەپ پۇل تاپالايمەن، بەكمۇ قولايلىق، ھەقىقەتەن ياخشى بولدى!» دېدى رابىيخان خۇشال ھالدا.

رابىيخان قاراقاش ناھىيەسى كۈيا بازىرى يىلۋا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ئائىلىسىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇپ، كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى.

2018 ـ يىلى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئالاقىلىشىپ بېرىشى ئارقىلىق، رابىيخان شىنجاڭ يىفېڭخۇي توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىسىغا ئايلاندى. رابىيخان ئىككى ئاچىسىنى بۇ يەردە بىللە ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى، ھازىر ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل بىر سېختا بولۇپ، ھەر كۈنى بىللە ئىشقا بېرىپ كېلىدۇ، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

شىنجاڭ يىفېڭخۇي توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋۇ خەيبو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، كارخانا 700دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 245 كىشى نامرات ئائىلە.

رابىيخانغا ئوخشاش، قاراساي بازىرى شالدىراڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قاھار باكرىمۇ تىرىشىپ يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋالدى.

قاھارنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق تېخنىكىسى يوق ئىدى، ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدا پارچە ـ پۇرات ئىش قىلاتتى، كىرىمى مۇقىم ئەمەس ئىدى.

2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، قاھار ئۆزدىنىڭ ئون تۇياق قويىنى كارخانىنىڭ بېقىپ بېرىشىغا ھاۋالە قىلدى ھەم خوتۇنى بىلەن بىللە كارخانىغا كېلىپ ئىشلىدى، ئىككىيلەن بىر ئايدا 5000 يۈەن كىرىم قىلدى. «ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا، مەن پايدا ئايرىغان 1800 يۈەن پۇلنى ئالدىم. ھازىر مەن يەنە ئىلمىي باقمىچىلىقنى ئۆگىنىۋالدىم، مائاشىمغا كۆپ تۆللەيدىغان ئون تۇياق ساغلىق سېتىۋالدىم، مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۆللەيدۇ!» دېدى قاھار خۇشال ھالدا.

شىنجاڭ ۋەنفېڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جيا چېڭدې مۇنداق دېدى: «ھاۋالىلىك بېقىش ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەر ھەر يىلى مۇقىم پايدا تەقسىماتىغا ئېرىشەلەيدۇ، ھەربىر تۇياق قوي سۈغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى تۈگىتىلدى. نۆۋەتتە، بىز 2500دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدۇق، 76 نامرات كىشىنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدۇق».

## ■ ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆچەپ ئاشۇرۇش

قاراساي بازىرى بوستان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئامانىسا مەمەتئابدۇللا ياغاقنىڭ ئۇنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى ئۆھەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

«بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەن دەرەخ شاخلىرىنى پۇتاپ، ئىلمىي ئوغۇتلاپ، زىيانداشلارنىڭ ئالدىنى ئالدىم، ياڭاق ھوسۇلى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى. بىزنىڭ ياڭىقىمىزنىڭ پوستى نېپىز، مېغىزلىق، بازىرى بەك ياخشى» دېدى ئامانىسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

«قاراقاش ناھىيەسىدە جەمئىي 600 مىڭ مودىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ئورمان بار، بىز خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنى خەلقنى بېيىتىشتىكى يېشىل كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى قاراقاش ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ جۈنجيې.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاراقاش ناھىيەسى باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە تەربىيەلەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دەرسخانىدا نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيەلەش بىلەن ئېتىز بېشىدا ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن تەربىيەلەش شەكلى ئارقىلىق، يېزا ـ بازارلاردىكى باغ ـ ئورمانچىلىق تېخنىكا تايانچلىرى ۋە باغۋەنلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلىدى. ھازىرغا قەدەر، قاراقاش ناھىيەسى 30 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى تەربىيەلىدى.

تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ بىۋاستە ئۈنۈمى مېۋىلىك دەرەخلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ۋە ئۆزۈۋېتىش كۆرۈلدى. 2019 ـ يىلى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقتىن قىلغان كىشى بېشى ساپ كىرىمى 1950 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 23%نى ئىگىلەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىلمىي پەرۋىش قىلىش نەتىجىسىدە، قاراساي بازىرى ھاتتا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇقادىر ئائىلىسى ياڭاقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ، 5000 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. بۇنىڭغا قاراقاش ناھىيەسى قۇملۇق لوگوۋەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەپ ھەر ئايدا ئالىدىغان 2500 يۈەن مائاشنى قوشقاندا، ئوبۇلقاسىمنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى، «مەن ھازىر سېخ مۇدىرى، 60 نەچچە خادىمنى باشقۇرىمەن».

2017 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئوبۇلقاسىم ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قۇملۇق لوگوۋەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەپ، ھەم پۇل تاپالايدىغان، ھەم ئاغرىپ قالغان ئايالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولدى. «ھازىر، مائاشىم بولۇپلا قالماي، يەنە پۇتاش، پەرۋىش قىلىش، ئىلمىي ئوغۇتلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋالدىم، بۇلتۇر ئائىلىمىزدىكى ياڭاقنىڭ ھوسۇلى ئېشىپلا قالماي، ياڭاقنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى بولۇپ، بىۋاستە ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا سېتىپ بەردىم».

ئىگىلىنىشىچە، قاراقاش ناھىيەسى قۇملۇق لوگوۋەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى ياڭاق، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، قوشنا تۆت يېزا ـ بازارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، 1200 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ كۆپى نامرات ئائىلە ئىكەن.

## ■ ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىش گۈزەل تۇرمۇشنى باشلاش

بۇ يىل 45 ياشقا كىرگەن روزىگۈل سادىر كۈيا بازىرى نۇرلۇق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى ئېتىراپ قىلغان بېيىش باشلامچىسى. بىر يىل ئىلگىرى، روزىگۈلمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە ئاياللىرىدىن شىركەت مەسئۇلىغا ئايلىنىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

نۇرلۇق كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ گۈلنىگار يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىگە كىرگىنىمدە، روزىگۈلنىڭ پېشانىسى تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ، ئىككى ئوغلى ئاپتوموبىلغا ناۋات بېسىۋاتقان ئىكەن. «بۇ ئۆزۈمنىڭ كەسپى، غەيرىتىم زور» دېدى روزىگۈل.

ئىلگىرى روزىگۈل ئائىلىسىدىكى ئالتە جان قوي بېقىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. «مېنىڭ ئەسلىدىلا ناۋات ياساش ھۈنىرىم بار، مەن ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ ناۋات ساتسام بولارمۇ؟» كەنتتىكى بەزىلەرنىڭ ناۋات ياساپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، روزىگۈل ناۋات پىششىقلاش شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، 30 قوينى سېتىۋېتىشنى قارار قىلدى ھەم كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت ئىككى كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە بانكىدىن قەرز ئېلىپ، ئىگىلىك تىكلەش مەبلىغى غەملىدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىركەت رەسمىي تىجارەت باشلىدى. ئوغلى سېتىشقا، روزىگۈل ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولدى. «بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز ماركامنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولىمەن» دېدى روزىگۈل.

ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن باشقا، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تاللاپ، تېخنىكا ئۆگىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزدى.

ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2019 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسى جەمئىي 89 مىڭ 876 ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە، 3698 كىشىنى شىنجاڭ سىرتىغا تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، شىنجاڭ ئىچىدە 10 مىڭ 977 كىشىنى رايون ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، 22 مىڭ 789 كىشىنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، 52 مىڭ 412 كىشىنى پەسىل خاراكتېرلىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلە تىرىشچانلىقى ۋە ئەجرى بەدىلىگە ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشنى يارىتىشنى تاللىغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەبلىغىنى ھەرىكەتچان نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سۈپىسىغا كىرگۈزۈپ نازارەت قىلىش، تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەبلىغىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مەبلەغنىڭ يۇقۇم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## ئۈرۈمچى:
## قىزىپ قالغان ئاغرىقلارغا كېسەل كۆرستىش يېشىل يولى ئېچىپ بەردى

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 21دىن 20 مىنۇتلار ئەتراپىدا، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) جۇڭشەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭگاڭ مۇشۇ تەۋەلىك رايوندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەخسۇس ئاپتوموبىلى شوپۇرى كەن لىنى تەيشەن كوچىسى مەھەللىسىگە بېرىپ قىزىش سەۋەبلىك ئايرىۋېتىلگەن ئاھالىلەرنى ئاپىرىش ـ ئەكېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كەسپىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەنگەن كەن لى دەرھال دېزىنفېكسىيەلەنگەن يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش مەخسۇس ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ، قىزىش سەۋەبلىك ئايرىۋېتىلگەن ئاھالىلەرنى بېكىتىلگەن قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە كېسەل كۆرستىشكە ئېلىپ باردى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ليۇ ۋېنشېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: 120 جىددىي قۇتقۇزۇش، مەھەللە يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش، ھۆكۈمەت كېسەل كۆرستىشكە ئاپىرىش — نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى قىزىپ قالغان ئاغرىقلارغا كېسەل كۆرستىش مەخسۇس يېشىل يولى ئېچىپ بەردى. ئەگەر ئاھالىلەردە ئۆيدە قىزىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولسا، ھۆددە كادىرى ياكى مەھەللىگە ھەر ۋاقىت تېلېفون قىلسا بولىدۇ، مەخسۇس ئادەم، مەخسۇس ئاپتوموبىل ئىشىك ئالدىغا بېرىپ يېقىن ئەتراپتىكى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە كېسەل كۆرستىشكە ئاپىرىدۇ.

ئاپتونوم رايون ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا تاسادىپىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك ئىنكاسىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرىدىكى سەككىز رايون (ناھىيە) قىزىپ قالغان ئاغرىقلارنى يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش مەخسۇس ئاپتوموبىلىدىن جەمئىي 127نى ئاجراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەھەللە يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش ئاپتوموبىلىدىن 74ى مەھەللە ئاھالىلىرى ئارىسىدا قىزىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە يۆتكەپ دىياگنوز قويۇلىدىغانلارنى ئاپىرىش ـ ئەكېلىشكە مەخسۇس ئىشلىتىلدى؛ مەخسۇس جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىدىن 53ى ئاساسلىقى گۇمانلىق كېسەللىك مىسالى، مەركەزلىك تېببىي تەلەپ بويىچە كۆزىتىلىدىغان ھەم ئۆيدە تېببىي تەلەپ بويىچە كۆزىتىلىدىغان قىزىپ قالغان ئاغرىقلارنى ئاپىرىش ـ ئەكېلىشكە ئىشلىتىلدى. يۆتكەپ دىياگنوز قويۇشقا ئىشلىتىلگەن بارلىق ئاپتوموبىللارنى بىردەك ھەر ئاپتوموبىل قېتىم دېزىنفېكسىيەلەش قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، خىزمەتچى خادىملارمۇ كەسپىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، قىزىپ قالغان ئاغرىقلارنى بىرىنچى ۋاقىتتا بىخەتەر يۆتكەپ دىياگنوز قويۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ليۇ ۋېنشېڭ مۇنداق بىلدۈردى: مەھەللە ئاھالىلىرى ئۆيدە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندە 37.3 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەن ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى چىققان بولسا، قىزىش ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ، ئاھالىلەرنىڭ جىددىيلىشىشى، ئەندىشە قىلىشى، تەشۋىشلىنىشى ھاجەتسىز، ماسكىنى ئوبدان تاقاپ، بىرىنچى ۋاقىتتا قاراشلىق مەھەللە بىلەن ئالاقىلىشىپ، قىزىش تەپسىلىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرسە ھەم تەپسىلىي ئۆي ئادرېسى، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، 24 سائەت نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇۋاتقان مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى مەخسۇس ئاپىرىپ ئەكېلىدىغان ئاپتوموبىلنى تېز سۈرئەتتە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، يولدا گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىزىپ قالغان ئاغرىق پەقەت ئۆيىدە ساقلاپ تۇرۇشى كېرەك، ئۆز ئالدىغا ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا، تاكسىغا ياكى خۇسۇسىي ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرستىشكە بارسا بولمايدۇ.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىڭغا يېقىن پىدائىي قوبۇل قىلدى

«بىزنىڭ شوئارىمىز پىدائىيلار بىر نىيەتتە بولۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرايلى! غەيرەت قىلايلى!» يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايون(يېڭىشەھەر رايون)لۇق ئىتتىپاق كومىتېتى جەمئىيەتتىكى كەڭ ياشلارنى پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا چاقىردى، 450 نەچچە پىدائىي ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن كەسپىي جەھەتتە تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۇلانباي تەكشۈرۈش نۇقتىسى، سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، 120 جىددىي قۇتقۇزۇش، يۆتكەپ توشۇش ئاپتوموبىل ئەترىتى قاتارلىق جايلاردا خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت، ساغلاملىقنى تاللاپ تەكشۈرۈش، تەرتىپ ساقلاش، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

ئىگىلىنىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارغا تەشەببۇسنامە»نى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ياشلارغا يۈزلىنىپ كەسپىي داۋالاش، پەرۋىش قىلىش، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت، تەرتىپ ساقلاش، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتى زاپاس قوشۇننى قوبۇل قىلىپ، تەشكىللەپ قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلاشقان.

ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىڭغا يېقىن پىدائىي قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 12 مىڭدىن كۆپرەك پىدائىي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە مۇلازىمەت قىلماقتا.

«كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پارتىيەنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ماسلىشىش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ چۈەن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئۆزى ياخشى مۇداپىئەلىنىش بىلەن بىللە، پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ماسلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ياشلىق كۈچىنى قوشماقتا.

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز مېھرىگۈل ناسىر، يۈ شى، فۇ شياڭلۇڭ يازغان)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

خۇ زۇڭلياڭ، ۋۇ يالى:

# شىددەتلىك ئېقىندا تىكلەنگەن ئابىدە

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر تەن چاڭ)** شىددەتلىك كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىدا، ئۇلار خىزمەتكە سادىق بولۇپ، ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، نەچچە ئون ئاممىنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدى. قۇربان بولۇپ 20 نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھېلىھەم خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چېنجۇ شەھرىدە تارقىلىپ، ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنى تەسىرلەندۈرمەكتە، تۈركۈم ـ تۈركۈم جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنى ئىلھاملاندۇرماقتا.

خۇ زۇڭلياڭ، ئەر، 1944 ـ يىلى تۇغۇلغان، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يياڭ شەھىرىدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1964 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1976 ـ يىلى قىسمدىن يەرلىككە كەسپ ئالماشتۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. خۇنەن ئۆلكىسى چېنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، شۇجيادۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ جىداۋيۈەنى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ساقچىخانا باشلىقى بولغان، 2 ـ دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى ئىدى. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

ۋۇ يالى، ئايال، 1956 ـ يىلى تۇغۇلغان، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. خۇنەن ئۆلكىسى چېنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شۇجيادۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن جىداۋداۋيۈەنى، جىداۋداۋيۈەنى بولغان، 3 ـ دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى ئىدى. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چېنجۇ شەھىرىدە پەۋقۇلئاددە زور قىيان كەلگەن. خۇ زۇڭلياڭ، ۋۇ يالى ئەتىگەندىلا بارلىق خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇپ، مال ـ مۈلۈكنى يۆتكەشكە ياردەم بېرىپ، ئۇدا سەككىز سائەت جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان.

«دادام ئەينى چاغدا ساقچىخانا باشلىقلىق ئورنىدىن ‹ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن› ئىدى، لېكىن ئۇ ئىزچىل مەن يەنىلا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، چوقۇم باشلامچىلىق بىلەن ئىش قىلىشىم كېرەك، دەيتتى. ئاپەت يۈزبەرگەن كۈنى، ئەمەلىيەتتە ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن رۇخسەت سوراپ دوختۇرخانىغا بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىكەن، شۇنچە كەلكۈننىڭ شۇنچىلا چوڭلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەنىلا ساقچىخانىغا قايتىپ بېرىپتۇ» دېدى خۇ زۇڭلياڭنىڭ ئوغلى خۇ تاۋ ئەسلەپ.

شۇ كۈنى چۈشتە، شۇجيادۇڭ چوڭ كۆۋرۈكىدە ئېغىر، زور خەتەر كۆرۈلگەن، خۇ زۇڭلياڭ، ۋۇ يالى ئەترەتنى باشلاپ ئۈچقاندەك نەق مەيدانغا بېرىپ، ئېھتىيات سىزىقى سىزىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئولىشىۋالغان 50 نەچچە ئاممىنى نەسىھەت قىلىپ كۆۋرۈك بېشىدىكى بىخەتەر رايونغا تارقاقلاشتۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي، كۆۋرۈك تۇيۇقسىز گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن، خۇ زۇڭلياڭ، ۋۇ يالى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كۆۋرۈك بىلەن بىللە شىددەتلىك ئېقىنغا غەرق بولۇپ، بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئەمما بىرمۇ ئامما سۇغا چۈشۈپ كەتمىگەن.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، چېنجۇ شەھىرى خۇ زۇڭلياڭ، ۋۇ يالى ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، نەچچە مىڭ ئاممىنى ئۆزلۈكىدىن ماتەم مۇراسىمى نەق مەيدانىغا قىستىلىشىپ كىرىپ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرگەن، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى شەھەر رايوندىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەستى سېلىنغان ئاپتوموبىلنى ئۇزىتىپ قويغان.

خۇ زۇڭلياڭ 1976 ـ يىلى قىسمدىن كەسپ ئالماشتۇرۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، جاپادىن، تاپا ـ تەنىلەردىن قورقماي، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىزچىل كۈرەش قىلىپ، تەۋەلىك رايوننىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئۇل خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا تۆھپە قوشقان، ئىككى قېتىم تەقدىرلەنگەن، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

ۋۇ يالى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خىزمەتكە سادىق بولۇپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، تەۋەلىك رايوننىڭ ئامانلىق تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا تۆھپە قوشۇپ، ئۇدا سەككىز يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

دادىسىنىڭ تەسىرىدە، خۇ تاۋ كىچىكىدىنلا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئارزۇسى بويىچە ساقچى فورمىسى كىيدى، ھازىر، چېنجۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى قابىل ساقچىغا ئايلاندى. «جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىنى تاللىدىم، دادامنى ئۈلگە قىلىپ، سەممىي ئىش قىلىپ، پاك ئادەم بولىمەن» دېدى ئۇ.

خۇ زۇڭلياڭ، ۋۇ يالى قۇربان بولغاندىن كېيىن، چېنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سۇشيەن شۆبە ئىدارىسى ھەر يىلى چىڭمىڭدا، چاغانىدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ، ھال سوراش پۇلى بېرىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ كەلدى. سۇشيەن شۆبە ئىدارىسى يەنە كۆپ قېتىم خەلق ساقچىلىرىنى ئىككى قەھرىماننىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈش، گۈل تەقدىم قىلىشقا تەشكىللەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى قەھرىمان، قۇربانلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ غايە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)